## 1774 ـ ئاياللارغا بىرىنچى قېتىم ۋە ئىككىنچى قېتىم قاراش توغرىسىدا

### سوئال

ئايالالرغا قاراشنىڭ هارام ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، ئايالالردىن بىرى دىققىتىمنى تارتسا، ئۇنىڭغا بىر، ئىككى مىنۇت ئىنچىكىلەپ قاراپ كېتىمەن، ئاندىن ئالالھ تائاالنىڭ بۇيرۇقىنى ئەسلەپ كۆزۈمنى يۇمىۋالىمەن، ئايالغا مۇشۇنداق قىسقا ۋاقىت قاراپ قالغانغا گۇناھكار بوالمدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭالرنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئالالھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيهىسساالمغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇالرغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئالالھنىڭ رەھمەت ساالملىرى بولسۇن.

"ئىسلامدا ھاالل ۋە ھارام" ناملىق ئەسەرنى ئوقۇدۇم، ھەقىقەتەن قۇرئان كۆزنى يۇمۇشقا بۇيرىدى، قاراش دېگەن: "قاراش جەريانىدا شەھۋەت بىلەن تەپەككۇر قىلىش ياكى ئايالنىڭ پىگۇرلىرى بىلەن كۆزنى لەززەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر"، ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئالالھقا ھەمدىلەر بولسۇنكى، مەن بۇ دەرىجىگە بېرىپ قالمىدىم، لېكىن مەن ئىككى مىنۇتلۇق قاراشتىن شۈركۈنۈش ھېس قىلىمەن، ئالالھ ئىلىمىڭالرغا بەرىكەت بەرسۇن، جەرىر ئىبنى ئابدۇلالھ رەزىيەلالھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ، مەن پەيغەمبەرئەلەيهىسساالمدىن: ئايالغا تۇيۇقسىز قاراپ سېلىش توغرىسىدا سورىسام، پەيغەمبەرئەلەيهىسساالم مېنى: «باشقا تەرەپكە قاراشقا بۇيرىدى» [تىرمىزى رىۋايەت قىلىپ سەھىھ دېگەن. "سۈنەن تىرمىزى" رىۋايىتى 2777–ھەدىس].

مۇبارەك پورى بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دەيدۇ: " تۇيۇقسىز قاراش دېگەن ئىنساننىڭ يات ئايالغا مەقسەتسىز كۆزى چۈشۈپ قىلىشتۇر، ھېچ قانداق سەۋەپسىز ئۇشتۇمتۇت بىر ئىش يۈزبەرگەندە، بۇ ئىش تۇيۇقسىز بولدى دېيىلىدۇ، «مېنى باشقا تەرەپكە قاراشقا بۇيرىدى» دېگەنلىك، ئىككىنچى قېتىم قارىمىغىن دېمەكتۇر، چۈنكى بىرىنچى قېتىم قاراش ئىختىيارلىقى بىلەن بولمىدى بۇ ئەپۇ قىلىنىدۇ، ئەگەر قاراشنى داۋامالشتۇرسا گۇناھكار بولىدۇ. بۇ توغرىدا ئالالھ تائاال مۇنداق دېگەن: قُلْ لِلْمُؤْمِنِينَ يَغُضُّوا مِنْ أَبْصَارِهِمْ  تەرجىمىسى: «مۆمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، (نا مەھرەملەرگە) تىكىلىپ قارىمىسۇن» [سۈرە نۇر 30–ئايەت].

پەيغەمبەرئەلەيهىسساالم مۇنداق دېگەن: «ئەي ئەلى! ئارقىمۇ ئارقا قارىمىغىن، بىر قېتىم قاراش بار، ئىككىنچى قېتىم قاراش يوق» [تىرمىزى رىۋايىتى2701–ھەدىس. "جامىئ سەھىھ" 7953–ھەدىس].

"تۆھپەتۇل ئەھۋەزى" دە مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەرئەلەيهىسساالمنىڭ: (ئارقىمۇ ئارقا قارىمىغىن) قاراشنى داۋامالشتۇرمىغىن،

بىرىنچى قېتىم قاراپ قالغاندىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم تەكرار قارىمىغىن، بىرىنچى قېتىملىق قاراش مەقسەتسىز بولدى، ئىككىنچى قېتىم تەكرار قارىمىغىن، چۈنكى ئۇ سېنىڭ ئىختىيارىڭ بىلەن بولىدۇ، خاتالىق ساڭا بولىدۇ، دېگەن سۆزىدىن يات ئايالغا قەستەن قاراش ۋە تۇيۇقسىز قاراپ قالغاندىن كېيىن تەكرار قاراشنىڭ هارام بولىدىغانلىقى، ئايال چىرايلىق بولسۇن ياكى سەت بولسۇن، شەهۋەتنى قوزغاشقا ئېلىپ بارسۇن ياكى ئۇنىڭغا خىيال قىلىش، لەززەتلىنىش بىرگە بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ئۇنىڭ بەدىنىدىن هېچ بىر جايغا قاراشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقى ئوچۇق بولىدۇ، ئاللاه تائالادىن  بىزنى ۋە سىزنى تۈرلۈك چەكلەنگەن ئىشلاردىن ساقلىشىنى سورايمىز.

ئاللاه توغرا يولغا باشلىغۇچىدۇر.